# كىم «ۋەدىسىدە تۇرۇۋاتىدۇ»، كىم «ۋەدىسىدە تۇرمايۋاتىدۇ»

## ـــ «جۇڭگو گېپىدە تۇرمىدى سەپسەتىسى»نىڭ جىمىقىدىغان ۋاقتى كەلدى

□جۇڭ شېڭ

يېقىندا، 11 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا يۇقىرى دەرىجەلىكلەر كېڭىشىشى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان پەيتتە، ئامېرىكا تەرەپ خەۋەر ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ 200 مىليارد دوللارلىق ئامېرىكىغا ئېكسپورت قىلغان تاۋارلىرىدىن قوشۇپ ئالىدىغان تاموژنا بېجىنى 10%تىن 25%كە ئۆستۈردى. ئامېرىكا تەرەپ يەنە جۇڭگو تەرەپكە «ئارقىغا قايتىش» «يۈز ئۆرۈش» قاتارلىق بەلگىلەرنى چاپلاپ، «جۇڭگونىڭ ۋەدىسى يېمىرىلىشكە ئۇچرىدى» دەپ جار سېلىپ، جۇڭگو تەرەپنى «ۋەدىسىدە تۇرمىدى» «ئامېرىكا تەرەپنىڭ يادرولۇق تەلىپىنى ئاجىزلاشتۇردى» دەپ ئەيىبلىدى. بۇ پۈتۈنلەي پاكىتقا كۆز يۇمغانلىق.

ئامېرىكا توقۇپ چىققان ئاتالمىش «جۇڭگو ۋەدىسىدە تۇرمىدى سەپسەتىسى» قالپىقى تامامەن ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىشى ئۆتكۈزگەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگو تەرەپ ئىزچىل ئەڭ زور سەمىمىيەت بىلەن كېڭىشىشكە تۈرتكە بولۇپ، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش ئاساسىدا، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ تەڭ پايدا ئالىدىغان كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. ئامېرىكا تەرەپ تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئالىمىز دەپ تەھدىت سېلىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ خىزمەت ئۆمىكى يەنىلا ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئامېرىكىغا بېرىپ 11 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر كېڭىشىشى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ سۆھبەتكە تۈرتكە بولۇش سەمىمىيىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە نامايان قىلدى.

خىزمەت قاتلىمىدا كېڭىشىش پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىدىغان بىر جەريان، ئىككى تەرەپتە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشنىڭ بولۇشى نورمال، بەزى مەسىلىلەرنى قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە قىلىشمۇ نورمال. ئەگەر خىزمەت قاتلىمىدا كېڭىشىش جەريانىدىكى ئىختىلاپ ۋە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرگە ھە دېسىلا «ۋەدىسىدە تۇرماسلىق» بەلگىسىنى چاپلىسا، ئۇنداقتا يەنە كېڭىشىپ نېمە قىلىدۇ؟ مەيلى قايسى دۆلەت بولسۇن، كېڭىشىشتە ھەممىسىنىڭ پىرىنسىپى بولىدۇ. مۇھىم، زور پىرىنسىپال مەسىلىلەردە جۇڭگو تەرەپ ھەرگىز يول قويمايدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ يادرولۇق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرى جەزمەن ھەل قىلىنىشى كېرەك. ئىككى تەرەپ خىزمەت ئۆمەكلىرىنىڭ كېڭىشىشىنىڭ ھەممىسى داۋاملىشىۋاتقان ئىشلار، ئىككى تەرەپ رەسمىي كېلىشىم ئىمزالىمىغان تۇرسا، «ۋەدە» دېگەن سۆز قەيەردىن كەلدى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ كېڭىشىش جەريانىدا بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى دېيىشىمۇ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئامېرىكىنىڭ قاراقچىلىق لوگىكىسى شۇكى، ئامېرىكا نېمە دېسە سىلەر شۇنى دېيىشىڭلار كېرەك، بۇنىڭغا بويسۇنمىساڭلار ۋەدەڭلەردە تۇرمىغان بولىسىلەر، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ دېگەنلىرىگە بويسۇنغانلىق «ۋەدىسىدە تۇرغانلىق»، بويسۇنمىغانلىق «ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىق»!

ۋەدىسىدە تۇرۇش، دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش، بۇ، جۇڭخۇا مىللىتى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ئەخلاق مىزانى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى، پۈتۈن يەر شارى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەندى، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ھەممىگە ئايان. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ۋەدىسىگە ئومۇميۈزلۈك ئەمەل قىلىپ، كۆپ تەرەپلىك تۈزۈلمىنى قەتئىي قوللاپ، ئىمپورت تاموژنا بېجىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپ، غەيرىي تاموژنا بېجى قورغىنىنى ئاجىزلىتىپ، يەككە تەرەپچىلىك ۋە قوغدىچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، پۈتۈن دۇنياغا مەسئۇلىيەتچان تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەتنىڭ ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ئوبرازىنى تولۇق نامايان قىلدى. 2010 ـ يىلىدىلا، جۇڭگو باجنى تۆۋەنلىتىش ۋەدىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ تاماملىدى، تاموژنا بېجى ئومۇمىي سەۋىيەسىنى 2001 ـ يىلىدىكى 15.3%تىن 9.8%كە تۆۋەنلەتتى. مۇلازىمەت، سودا ساھەسىدە، جۇڭگو ئېچىۋېتىش ۋەدىسىنى 2007 ـ يىلىدىلا تولۇق ئادا قىلىپ تاماملىدى، ھازىر تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىگە يېقىنلاشتى. ئامېرىكا سودا ۋەكىلى ئىشخانىسى ئېلان قىلغان نۇرغۇن يىللىق دوكلاتلاردىمۇ جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى ئەجايىب باھالار ئاز ئەمەس، ئۇلاردا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋەدىسىنى ئەستايىدىل ئادا قىلدى، دەپ قارالغان.

ئەمدى ئامېرىكىنىڭ قانداق قىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرتىپ ۋە كۆپ تەرەپلىك تۈزۈلمىنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىسى ۋە قاتناشقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەسلىدە ئامېرىكا كۆپ تەرەپلىك قائىدىگە باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما خەلقئارا تەشكىلاتلاردىن كەينى ـ كەينىدىن يۈزىنى ئۆرۈپ چېكىنىپ چىقتى، ئۇنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، دېگىنىنى قىلمايدىغان ئوبرازى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى: بىر كېلىشىم، شەرتنامە، تەشكىلات ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلگەندە، ئۇنى قوغلىشىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلاندى؛ بىر كېلىشىم، شەرتنامە، تەشكىلات ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىسىز دەپ قارىغاندا، ئۇستەلنى ئۆرۈۋېتىپ كېتىپ قالدى.

پارىژ كېلىشىمىدىن چېكىنىپ چىقتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىقتى، ئىران يادرو مەسىلىسى ئومۇميۈزلۈك كېلىشىمىدىن چېكىنىپ چىقتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىدىن چېكىنىپ چىقتى... «نەتىجىنى يۆنىلىش قىلىش»تەك «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» سىياسىتى ئاستىدا، ئامېرىكا خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە كۆپ تەرەپلىك كېلىشىملەردىن داۋاملىق ئۆزىنى تارتىپ، تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن قاچتى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ كۆپ قېتىم ۋەدىسىدە تۇرماسلىقى دۇنيا خەلقىگە ئامېرىكىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى كۆرسىتىپ قويدى.

ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتە ۋەدىسىدە تۇرمايۋاتقىنىغا خېلى ئۇزاق بولدى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچراۋاتقىنىغىمۇ ئۇزاق بولدى. 2001 ـ يىلىدىلا، ئامېرىكا «جىڭدۇ كېلىشىمنامىسى»دىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى، «جىڭدۇ كېلىشىمنامىسى»نىڭ ئۈنۈمى مۇشۇ سەۋەبتىن زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتتى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ تالاش ـ تارتىشنى كېسىم قىلىش توغرىسىدىكى تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا ھازىرغىچە دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ «قائىدىگە ئەمەل قىلمىغۇچى» بولۇپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىدىكى ئۈچتىن ئىككى قىسىم قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىنى ئامېرىكا كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ئىككى يىلدا، ئامېرىكا پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىدىن پايدا ئېلىۋاتىدۇ دەپ قاراپ، «ئامېرىكا بىرىنچى»نى «ئامېرىكا بىردىنبىر»گە ئۆزگەرتىۋالدى. بۇ خىل پەقەت پايدا ـ مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدىغان زومىگەرلىك قىلمىشىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ غەزىپى ۋە قارشىلىقى خالاس.

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىشى ئۆتكۈزگەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئامېرىكا تەرەپنىڭ نۇرغۇن قارارلىرىدا ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىمۇ دۇنيا ئەھلىگە ئايان. بۇلتۇر 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئامېرىكا ئىككى تەرەپ ئېلان قىلغان سودا ئۇرۇشى قىلماسلىق «بىرلەشمە بايانات»نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا ئېكسپورت قىلىدىغان 50 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى تاۋارلىرىدىن تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئامېرىكا تەرەپ يەنە تاموژنا بېجى تەھدىتىنى قايتا باشلاپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىشىنى زور ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى.

ئامېرىكا ۋەدىسىدە تۇرماي، سودا قورۇقچىلىقى كالتىكىنى پۇلاڭلىتىپ، باج ئېلىش ۋاستىسىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، ئاخىرقى چەككىچە بېسىم ئىشلىتىش ۋە قاقتى ـ سوقتى قىلىش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، خەلقئارا سودا تەرتىپىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ھەمكارلاشقۇچى تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزدى، ئوخشاشلا ئۆز دۆلىتىدىكى كارخانىلار ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ زىيان يەتكۈزدى. ئامېرىكىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى ۋە تەلۋىلەرچە ئىش كۆرۈشى كەلگۈسى يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ ئېششىدىكى ئېنىقسىزلىقنى ئاشۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۈمىدسىزلەندۈردى. خەلقئارا ئىقتىساد ـ سودا ئالاقىسى داۋامىدا ئىختىلاپنىڭ بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ھەمكارلىق بىردىنبىر توغرا تاللاش. ھېچقانداق بىر دۆلەت دۇنياغا يالغۇز يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ. ئامېرىكا تەرەپنى ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش كۆرۈپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، داۋاملىق ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ئويۇننى يەنە ئوينىماسلىققا نەسىھەت قىلىمىز!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۆرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېتەكلەپ ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىش تۈپ ۋەزىپىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئەسلىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ئومۇمىي تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۈنۈم بولۇش، ئىدىيەدە ـ سىياسىيدا تاۋلىنىشنى قوبۇل قىلىش، ئىش قىلىش ـ نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك ـ دۇرۇس بولۇشتا ئۈلگە بولۇش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە تەربىيەلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قەتئىي ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، باش تېما تەربىيەسىنى ئەستايىدىل تەشكىللەپ ياخشى يولغا قويۇپ، «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش ـ تەربىيە پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۆرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش، ئۇلارنى تۈگىتىش، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىدىكى تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 4 ـ قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى تۇتۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەر جەھەتتە ئۆتكەلگە دەل جايىدا ھۇجۇم قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، «ئۈچنى تۈگىتىش، بىرنى تۆۋەنلىتىش، بىرنى تولۇقلاش» نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، مۇھىم، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشتە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تىرىشىپ تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئېنىق ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ساقچىلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ، بارلىق ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ساقچىلار قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتە قۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئىسلاھات ئارقىلىق كۈچەيتىش، ساقچىلار قوشۇنىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يۈكسەلدۈرۈش، ساقچىلار قوشۇنىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كۈچەپ يۇقىرى ساپالىق، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى پولات قوشۇنى قۇرۇپ، قەتئىي تۈردە سىياسىي بىخەتەرلىكنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى مەسئۇلىيەت، بۇرچنى ياخشى ئادا قىلىپ، تىرىشىپ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كاپالەتلەندۈرۈپ، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى يوۋ چۈەننىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا قىلغان سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۆلۈم باشلىقى يوۋ چۈەننىڭ سۆزىدىكى تەلەپلەر بويىچە، «بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوللاپ، مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق، چوڭ پېچەتلىق، ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلۇق رولىنى ھەقىقىي ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، جى جېڭ، سارقىت ئاقان يىغىنغا قاتناشتى.

# بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاش نىسبىتى 60%تىن ئاشتى

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **شياۋ جۈڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ئۆي ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ يىللىق يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىدا 129 مىڭ 535 ئائىلىدە ئىش باشلىنىپ، ئىش باشلاش نىسبىتى 64.47% بولغان.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز 200 مىڭ ئائىلىلىك يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى يولغا قويۇشنى پىلانلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى بويىچە 162 مىڭ 400 ئائىلە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن يىللىق پىلان ۋەزىپىسىنىڭ 81.2%نى ئىگىلىگەن. نۆۋەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 5 مىليارد 537 مىليون 303 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەزنىڭ تولۇقلىما ياردەم مەبلىغى 1 مىليارد 94 مىليون 190 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ تولۇقلىما ياردەم مەبلىغى 2 مىليارد 950 مىليون يۈەن، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ تولۇقلىما ياردەم مەبلىغى 466 مىليون 750 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ ياندىش مەبلىغى 44 مىليون 602 مىڭ يۈەن، دېھقانلار ئۆزى جۇغلىغان مەبلەغ 981 مىليون 761 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكەن(8 مىليون 340 مىڭ يۈەن بانكا قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ئۆي ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى نامراتلارنى يۆلەش، خەلق ئىشلىرى، مېيىپلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار يوللىغان 2019 ـــ 2020 ـ يىلى يېزىلاردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە قاتارلىق تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق ئوبيېكتنىڭ قۇرۇلۇش ئېھتىياج سانلىق مەلۇماتىنى «ئىككىنى يۇقىرىغا يوللاش، ئىككىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش» بويىچە سېلىشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈشكە يوللاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى مۇۋاپىق بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دىققەتنى 9355 ئائىلىلىك ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىگە، بولۇپمۇ 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدىكى 8989 ئائىلىلىك ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «تۇرالغۇ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى.

كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ئۆي ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى ئالاقىدار تەلەپلەر بويىچە تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، 2019 ـ يىللىق يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئائىلىلەرگىچە، ئادەملەرگىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «راست نام تۈزۈمى» ھېسابات تىزىملىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇنتىزىملاشتۇرۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ «بىر ئائىلىگە بىر ئارخىپ تۇرغۇزۇش» تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۆي سالغۇچىلارغا ئالاقىدار سالاھىيەت، نوپۇس، ئىلتىماس، تەستىق، كېلىشىم قاتارلىق ئاساسلىق ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىپ، ئاشكارىلاپ، جەمئىيەتنىڭ نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلىدىكەن؛ دېھقانلارنىڭ ئۆي سېلىش كۆلىمىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، 2019 ـــ 2020 ـ يىلى يېزىلاردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە قاتارلىق تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق ئوبيېكتنىڭ ئۆي سېلىش كۆلىمىنى 40 ـ 60 كۋادرات مېتىر ئىچىدە قاتتىق كونترول قىلىدىكەن؛ مەبلەغ باشقۇرۇشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى تولۇقلىما ياردەم مەبلىغىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، تولۇقلىما ياردەم مەبلىغىنى دېھقانلار(ھەممىباب كارتىسى)نىڭ ئىسچوتىغا دەل ۋاقتىدا تولۇق ئۇرۇپ بېرىدىكەن؛ قۇرۇلۇش سۈپىتى، بىخەتەرلىكىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، «تولۇق قاپلاش، يوچۇق قويماسلىق» تەلىپى بويىچە، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى، بىخەتەرلىككە نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپەت ئۆتكىلى، بىناكارلىق دېتاللىرىنى ياساش ئۆتكىلى، نەق مەيداندا قۇرۇلۇش قىلىش ئۆتكىلى، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتىدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)